# دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، ھۈنەر - سەنئەتكە دائىر كىتابلار

«ئۇيغۇر تائاملىرى» . ئاپتورى: توختىباقى زورىباقى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى 11 - ئاي نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 280 بەت.

ئاپتور بۇ كىتابنى ئەمەلىي مەشغۇلات تەجرىبىسىگە ئىگە ئۇستاملار ۋە مەخسۇس كەسپىي خادىملار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىگە، شۇنىڭدەك ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىغا ئاساسەن كۆپىيە قىلىپ يازغان. كېيىن يەنە ئۈرۈمچى، غۇلجا، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان ئاشپەز تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئوقۇتۇش - تەجرىبە ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالغاندىن كېيىن تولۇقلاپ، پىششىقلاپ يېزىپ چىققان.

بۇ كىتابقا 310 خىل تاماقنى تەييارلاش ئۇسۇلى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى تەمدىكى تاماقلىرى ئاساس قىلىنغان. قېرىنداش مىللەتلەر تاماقلىرىدىن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن بىر قىسىم تاماقلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈردى.

كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بۇ كىتاب تۆت قېتىم قايتا نەشر قىلىندى.

«ئاشپەزلىك ئاساسلىرى» . تەرجىمە قىلغۇچى: توختىباقى روزىباقى. كىتاب تۈرى: يېمەك - ئىچمەك تەييارلاش دەرسلىكى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى باستۇرۇلغان. چوڭ 32 كەسلەم، 332 بەت.

بۇ ئۈچ قىسىم، 15 باب، 52 ماۋزۇلۇق دەرسلىك كىتابتا جۇڭگو ئاشپەزلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى يەرلىك قورۇملار سىستېمىسى، ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، ئاشپەزلىك ماتېرىيالى، توغراش - سەپلەش تېخنىكىسى،

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىسسىق قورۇمىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، گۆل چىقىرىش، زىياپەت بىلىملىرى، يېمەكلىكلەرنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاش ۋە سېتىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇن تائاملىرىنى تەييارلاش تېخنىكىسى». تەرجىمە قىلغۇچى: توختىباقى روزباقى، ئەنۋەر شەمشىدىن. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن 1978 - يىلى باستۇرۇلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 267 بەت.

بۇ كىتاب تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئاشپەزلىك كەسپىنىڭ دەرسلىكى بولۇپ، بەش باب، 22 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشى ئاشپەزلىك ھەم ناۋايلىقتىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

---



توختىباقى زورباقى 1938 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىغا قاراشلىق جۇمە بازىرى كەنتىدە قەغەزچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ سودا - ئىقتىساد فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك شىركىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1980 - يىل شىركەت كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 1982 - يىلى شىنجاڭ مېھمانخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا، 1984 - يىلى شىنجاڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. توختىباقى يىللاردىن بۇيان ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتۈپ تەربىيىلىگەن ئاشپەز ئۇستىلار 5000 دىن، ئۇنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تەربىيىلىنىپ يېتىشكەن ئاشپەز ئۇستىلار 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ يازغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» ناملىق كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشپەزلىك قوشۇنىدا يېتەكچى قوللانما بولۇپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە دۆلەتتە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئالىي ئىقتىسادشۇناس توختىباقى . مەملىكەتلىك مۇسۇلمان ئاشپەزلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك ئاشپەزلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاشپەزلىك كەسپىدە دۆلەت دەرىجىلىك باھالىغۇچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشپەزلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ھەم باش كاتىپى ئىدى، 2006-يىلى 2-ئايدا ۋاپات بولغان.

«خوتەن گىلەمچىلىكى» . ئاپتورى: ئابدۇۋەلى تۇرسۇن. ژانىرى: ھۈنەر ـ سەنئەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 302 بەت.

بۇ كىتاب گىلەمچىلىك مۇتەخەسسىسى ئابدۇۋەلى تۇرسۇننىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، خوتەن گىلەمچىلىكى ھەققىدە تۇنجى قېتىم يېزىلغان مۇكەممەل يىرىك ئەسەردۇر. ئاپتور بۇ كىتابتا گىلەم توقۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى؛ بوياقچىلىق، گىلەم نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش، رەڭ ماسلاشتۇرۇش؛ گىلەم توقۇشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، گىلەم توقۇش ئۇسۇلى؛ يۇيۇش، رېمونت قاتارلىقلارنى چۈشىنىشلىك بايان قىلغان. بۇ كىتاب گىلەم توقۇغۇچىلار ۋە گىلەم توقۇشنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى رىسالە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خوتەن گىلەمچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان يېگانە دەستۇردۇر.

---



ئابدۇۋەلى تۇرسۇن 1949 - يىلى لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسىنىڭ شاخ كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىغا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەن. بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا ماھىر ئۇستىغا ئايلانغان. 1980 - يىل 9 - ئايدىن 1981 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كەسىپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ لايىھىلەش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1994 - يىل 10 - ئايدىن 1999 - يىل 3 - ئايغىچە لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 2001 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ مۇستەقىل ھالدا لايىھىلىگەن «ئانارباغ»، «ناسۋاي»، «كارىۋات ئەديال»، «كېپىنەك» قاتارلىق گىلەم نۇسخىلىرى داڭلىق، بازىرى ئىتتىك گىلەملەردۇر. ئابدۇۋەلى تۇرسۇننىڭ ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى گىلەم لايىھىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى گىلەمچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

«ئېتىز تەجرىبىسى ۋە بىئوستاتىستىكا». تەرجىمە قىلغۇچى: مەتروزى بۇرھان. كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىكى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1999 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5372 — 1553 — 7/5.280، چوڭ 32 كەسلەم، 409 بەت. تىرازى: 15000.

بۇ كىتاب شەندۇڭ ئۆلكىسى چاڭۋېي يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى ۋە 1990 - يىل 10 - ئاي 2 - نەشرى بېيجىڭ 4 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ كىتاب 11 باب ۋە ئىككى قوشۇمچە مەزمۇن (تەجرىبە - پراكتىكا يېتەكچىسى، ستاتىستىكىدا پايدىلىنىدىغان جەدۋەللەر) دىن تەشكىل تاپقان. ئىلمىي، سىستېمىلىق، مەزمۇنلۇق، ئۇقۇملىرى ئېنىق، سۆزلىرى راۋان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن مۇھىم تېخنىكىلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

---

مەتروزى بۇرھان 1949 - يىل 10 - ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1961 - يىلى مەكتەپنىڭ غۇلجىغا يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلى

يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى 1964 ـ يىلى پۈتتۈرۈپ، 1980 ـ يىلغىچە كېرىيە ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىل 12 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە يۆتكىلىپ زىرائەت ئىرسىيەت ئۇرۇقچىلىقى ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 2004 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان. «ئالىي ئاگرونوم» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مەتروزى بۇرھان خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش داۋامىدا «كۆممقوناق ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار»، «خوتەندە شال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈش ھەم يېزىشقا قاتناشقان. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ «زىرائەت ئىرسىيەت ئۇرۇقچىلىقى»، «ئېتىز تەجرىبىسى ۋە بىئوستاتىستىكا» قاتارلىق خەنزۇچە دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىپ دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

## مۇھەممەتئىمىن توختى ئەسەرلىرى

1. «ئانار». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 1431 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئانارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، شىپالىق رولى، ئانارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سورتلىرى، ئانارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، باغ بىنا قىلىش ئۇسۇلى، ئانارنى ئۇزۇش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى، ئانار دەرىخىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى، ئانارا مېۋىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىنچىكە تېخنىكىلىق تەلەپلەر ئىلمىي، تەپسىلىي، كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن.

2. «ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار». ئاپتورلار: مۇھەممەتئىمىن توختى، ئابدۇللا سۇلايمان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 456 بەت.

بۇ كىتاب ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا: ئىنسانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاجرالماس مۇناسىۋىتى، تەبىئەت بىلەن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى، كۆپىيىش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى؛ ئورمان ئەھيا قىلىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتىكى رولى، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورمان بىنا قىلىشتا قوللانغان تەدبىرلىرى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى؛ شىنجاڭدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش ئەھۋالى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىق كەڭ بىلىملەر، ساۋاتلار بېرىلگەن. ئىككىنچى قىسىمدا: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر، شۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى، ئىلمىي نامى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى، شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار ئىلمىي قاراشلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب ئەمەلىي قوللىنىش ۋە تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە.

3. «قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2000 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 73 بەت.

كىتابتا قىزىلگۈلنىڭ ئالاھىدىلىكى، تارقىلىش دائىرىسى، مۇھىتنى كۆكەرتىشتىكى رولى، خىمىيىلىك تەركىبى، دورىلىق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى، ھەر خىل گۈلقەنت، مۇراببالارنى، شەربەتلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلى جانلىق تىلدا ئەتراپلىق، كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن ۋە تونۇشتۇرۇلغان.

4. «مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 126 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ياڭاق، بادام، چىلان، ئۈرۈك، ئانار، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئۇلاش ئارقىلىق سورتىنى يېڭىلاش، نوتىسىنى قەلەمچە قىلىش ۋە چوڭ - كىچىك دەرەخلەرنى ئۇلاشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللىرى جانلىق تىل بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن.

---



مۇھەممەتئىمىن توختى 1944 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى چوڭكۆل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961- يىلى ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ستاتىستىكا خادىمى، ئىتتىپاق شۇجىسى بولغان. 1982- يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. ھازىر دەم ئېلىشتا.

مۇھەممەتئىمىن توختى 1962 - يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئەمگەك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆز كەسپىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئورمانچىلىققا ئائىت نەچچە يۈز پارچە ماقالە يېزىپ، ئورمانچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بۇ جەھەتتە تۆت پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«پىلە قۇرتى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش ھەققىدە سوئال - جاۋابلار». ئاپتورى: مەمتىمىن ئابدۇللا.

كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىلى 1 - قېتىم 8000 تىراژ بىلەن نەشر قىلىنغان، 1993 - يىلى 18 مىڭ تىراژدا قايتا بېسىلغان. كىچىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



32 كەسلەم، 67 بەت.

بۇ كىتابتا پىلە قۇرتلىرىدا يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرگە دائىر 58 سوئالغا ئىلمىي، ئاممىباب، ئەتراپلىق، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى سەۋىيىدە جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، كەڭ پىلىكارلارنىڭ ياخشى ئوقۇشلۇقى ھېسابلىنىدۇ.



مەمتىمىن ئابدۇللا 1967 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى جياڭسۇ سۇجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىلە - ئۈجمىچىلىك كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، 1994 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 2001 - يىل 9 - ئايغىچە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن قاراساي يېزىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

«ئۈجمە ئۆستۈرۈش ۋە پىلە قۇرتىنى بېقىش تېخنىكىسى».

ئاپتورى: ئابدۇللا ماخسۇت، مەمتىمىن ئابدۇللا. كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىكى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1997 - يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 367 بەت. ئىككى بۆلۈم، 15 باب، 51 تارماق ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابتا ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈشتىكى پەرۋىشلەر؛ ئۈجمە دەرەخلىرىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش؛ پىلە قۇرتىنى بېقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار، پىلە قۇرتىنى بېقىش داۋامىدىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىش قاتارلىق مۇھىم ۋە نۇقتىلىق مەزمۇنلار ئىلمىي ئاساستا ئاممىباب تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب مەخسۇس مەكتەپلەر، كۇرسانتلار ئۈچۈن، بولۇپ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەتلەرگ يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ھەم كەڭ پىلىكارلار ئۈچۈن ياخشى

قوللانمىدۇر.

«مېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش». تۈزگۈچى: ماخمۇت ئاۋۇت، ئابلىمىت مەمتىمىن. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2001 - يىل 1 - ئاي نەشرى. كىچىك 32 كەسلەم، 129 بەت، تىراژى: 5000. بۇ كىتاب دەرسلىك شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، بەش باب، 18 پاراگرافقا بۆلۈنگەن. قاراتمىلىق جەھەتتە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پايدىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

«خوتەن باغۋەنچىلىكى». تۈزگۈچى: ئابلىمىت مەمتىمىن، ماخمۇت ئاۋۇت. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە (K) نەشرىياتى 2003 - يىل 1 - ئاي نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 245 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىنى چىقىش قىلىپ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن.

---



ماخمۇت ئاۋۇت 1959 - يىل 9 - ئايدا گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدىن ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا قۇم تىزگىنلەش پونكىتى، گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. تېخنىك خادىم، يېزا باشلىقى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇنىڭ «كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى» ئەتىقاتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ (1996 -

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



يىل) 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا، ئۇ ئۆزى ئاپتونوم رايوننىڭ «كۆكەرتىش سېپىدىكى ئىلغار شەخس» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئىگە.



ئابلىمىت مەمتىمىن 1970 - يىل 1 - ئايدا گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتە- پىنى، 1993 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى، 1999 - يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىسادىي ئورمان كەسپىنى تاماملىغان. 2000 - يىل 8 - ئايدىن 2002 - يىل 8- ئايغىچە جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە بىلىم ئاشۇرغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش، تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق بىلەن ئارىلاشما ئورمانچىلىق ئەندىزىسى قاتارلىق ئالتە تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. بىر تۈر ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ، ئىككى تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ، ئىككى تۈر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «پەن - تېخنىكا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. «ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئىگە.

«ئورمان كېسەللىكى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش تېخنىكىسى». ئاپتورلار: رەجەپ مەتسىدىق، غالىب ئابدۇلىمىت، ئەنۋەر ئوسمان. كىتاب تۈرى: ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2003 - يىل 1 - ئاي نەشرى. 32 كەسلەم، 231 بەت.

بۇ كىتابقا ئورمان كېسەللىكى ۋە ئورمان ھاشاراتلىرى دېگەن ئىككى چوڭ مەزمۇن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورمان

كېسەللىكى ۋە ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ خوتەن رايونىدا پەيدا بولۇش، تارقىلىش قانۇنىيىتى، زىيان سېلىش ئەھۋالى، ئۇلارنى تونۇش، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش شۇنداقلا بىرقانچە خىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياساش، ساقلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ئاممىباب تىل بىلەن ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان.

---

ئەنۋەر ئوسمان 1970 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە بازار ئىچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىنىڭ ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئورمانچىلىق ئىنژېنېرى. ھازىر چىرا ناھىيىلىك سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.



ئاپتور بۇ كىتابنى 1995 - يىلى چىرا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش، ئورمان ئۈسۈملۈكلىرىنى كارانتىن قىلىش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە يازغان.

«ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى. 32 كەسلەم، 136 بەت. (K)

بۇ كىتابقا ئانارلىق باغ بەرپا قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى، ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى، زىيانداش ھاشاراتلاردىن ساقلاش تېخنىكىسى، ئانار مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشنىڭ ھازىرقى شارائىتتىكى رولى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلار ئەتراپلىق، ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلگەن.

«ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



سابىر. ئۇيغۇر ماددىي فولكلورى توغرىسىدىكى ئۇنۇۋېرسال ئىلمىي ئەسەر. 1995 - يىلى يېزىلغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىل 10 - ئاي نەشرى. 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5373 — 0668 — 0TS/ . 2، تىراژى: 600 (قاتتىق مۇقاۋىلىق).

بۇ، ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومى بولۇپ، يەتتە تۈردىكى 60 خىلدىن ئارتۇق قول ھۈنەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 1000 خىلدىن ئارتۇق نۇسخا ۋە 3000 خىلدىن ئارتۇق رەڭ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى، ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكى، ئىستېمال ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ تارىخىي رولى ۋە ھازىرقى ھالىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىتابقا 50 پارچىدىن ئارتۇق رەڭلىك سۈرەت كىرگۈزۈلگەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ بۇ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسەرگە: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش، بەزى قول ھۈنەرى تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى، ئايرىم ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بۇ كىتاب ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش شۇنداقلا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن تارىخىي، ئىلمىي پايدىلىنىشچانلىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مەلۇم دەرىجىدە تولدۇردى» دەپ باھا بېرىلگەن.

بۇ كىتاب 2003 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي تىل - يېزىقتىكى كىتابلارنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«ئۇيغۇر ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ چېرتيوژ ئۆرنەكلىرى».
ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپ، ئابلىز موللايۇپ. كىتاب

تۈرى: بىناكارلىق پەن - تېخنىكىسى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2004 - يىل 9 - ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80693 — 527 — 4. تىرازى: 3000.

بۇ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ. بولۇپمۇ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۇلتۇراق ئۆي سېلىشتا ھەر خىل ئۆي شەكىللىرىنى تاللىشىدىكى ئۈرنەك بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلغان ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، 118 نۇسخىدىكى ئۇلتۇراق ئۆي چېرتيوژى بېرىلىپ، ئاممىباب چۈشەندۈرۈلگەن قورال كىتابتۇر.

كىتابنىڭ ئالدىنقى سەككىز بېتىگە پېشايۋان، دەرۋازا - ئىشىكلەرنىڭ 55 پارچە ئۈرنەكلىك رەڭلىك سۈرىتى بېرىلگەن. تېكىست قىسمى بەش چوڭ تېما ۋە سەككىز كىچىك تېما ئاستىدا: بايان، چېرتيوژ، جەدۋەل، فورمۇلا، شەرتلىك بەلگىلەر، نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان.

---

ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپ 1923 - يىلى كۇچا ناھىيە بازىرىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1941 - يىلى ئۈلكىلىك 1 - گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇتقۇچى، ئۈلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مۇدىر، كاتىپ، مالىيە نازارىتىدە كاتىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، خوتەندىكى «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.



ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق ئەجىر قىلىش ئارقىلىق يېتىشىپ چىققان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1983 - يىلى بىناكارلىق لايىھىلەش بويىچە ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان بۇ ھۆرمەتلىك كىشى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئاددىي - ساددا، پاك ياشاشتەك ئېسىل ئىنسانىي خىسلىتى بىلەن تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ناھايىتى كۆپ قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىگەن ۋە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 100 دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەن.

1983 - يىلى 7 - ئايدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىقى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مىللىي رايوندا ئۇزۇن مۇددەت پەن - تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن.

ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپنىڭ «بىناكارلىق خەرىتىلىرى ۋە ماتېرىياللىرى ھەققىدە ئاددىي ساۋات» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلى ھەم باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئابلىز موللايۇپ 1964 - يىلى خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىرغىچە مۇشۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1989 - يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل ئوقۇغان. ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۇ ياش بىناكارلىق ئۈستىسى ئۆزىنىڭ قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغان خەرىتە لايىھىلىرى، قورۇ - جايلار، سەيلىگاھلار، خاتىرە - ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ خەرىتىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

